يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# «يەرلىك مۇتەخەسسىس» نېفىت ئېلىش بىرىنچى سەپتە ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى

—— ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نەمۇنىچىسى چېن چىلياڭ توغرىسىدا

ئەمگەكچىلەر ناخشىسى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن قاراماي مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ جاۋگېڭ

«كۆز يەتكۈسىز چۆل ـ باياۋانغا زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان كاچالكىلار خۇددى ماڭا ھەمىشە ھەمراھ بولىدىغان قەدىناس دوستلىرىمغا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ قەيەردە مەسىلە كۆرۈلسە، مەن ‹كۆرۈش، ئاڭلاش، سوراش، تۇتۇش› ئارقىلىق ھەممىسنى دەرھال بايقىيالايمەن ھەم تېز ھەل قىلالايمەن» دېدى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چېن چىلياڭ پەخىرلەنگەن ھالدا.

جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى 5 ـ نېفىت ئېلىش مەشغۇلات رايونى چېن چىلياڭ بەنىنىڭ بەنجاڭى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ 2017 ـ يىلى «شىنجاڭنى ئېچىش ـ گۈللەندۈرۈش مېدالى»غا ئېرىشتى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى تەرىپىدىن ئەمگەك نەمۇنىچىسى، ئالىي تېخنىك، نېفىت ئېلىش تېخنىكا مۇتەخەسسىسى بولۇپ باھالاندى، 2020 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى نامىغا ئېرىشتى.

### نېفىت ئېلىش بىرىنچى سەپتە جاپالىق ئىزدىنىش

20 نەچچە يىل ئىلگىرى، ئەمدىلا تېخنىكا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ نېفىت ئېلىش ئىشچىسى بولغان چېن چىلياڭ: «بىلىم كۈچ دېمەكتۇر، پەقەت ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا، ئاندىن بىر ياخشى نېفىت ئېلىش ئىشچىسى بولغىلى بولىدۇ» دېگەن ئېتىقادنى كۆڭلىگە پۈكتى. ئۇ ئۆگىنىش جەريانىدا ئىشلەپ، ئىشلەش جەريانىدا ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ كەسپىي ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. كۆپ يىللىق نېفىت ئېلىش مەشغۇلات ئەمەلىيىتى جەريانىدا، ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 50 نەچچە مىڭ گۇرۇپپا نېفىت قۇدۇقىنىڭ سېلىشتۇرما پارامېتىرنى يىغىپ رەتلىدى، 1000دىن ئارتۇق قۇدۇق ـ پونكىتنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت تەرتىپ ئىسخېمىسى ۋە قۇدۇق گەۋدىسىنىڭ قۇرۇلما خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى، جەمئىي 100 نەچچە مىڭ خەتلىك تېخنىكا خاتىرىسى يازدى.

2010 ـ يىلى شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئورىغۇ نېفىت زاپىسىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل ئىدى. ئەينى چاغدا يېڭى قۇدۇق كۆپ، خىزمەت مىقدارى زور ئىدى، چېن چىلياڭ چارلاپ تەكشۈرگەندە چىرماش يىلتىزسىمان قۇتىنىڭ بېسىم ئۆزگىرىشىنىڭ ئاسان بۇزۇلۇپ كېتىپ، دائىم خام نېفىتنىڭ مەشغۇلاتچى خادىملارنىڭ بەدىنىگە چاچراپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ ۋاقىتتا، بىر چىرماش يىلتىزسىمان قۇتىنىڭ بېسىم ئۆزگىرىشىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن كەسپىي مەشغۇلات ئەترىتىنىڭ ماسلىشىپ ئىشلىشىگە توغرا كېلەتتى، پۈتۈن جەريانغا 45 مىنۇت كېتىدىغان بولۇپ، بۇ ھەم 45 مىنۇتتا نورمال ئىشلەپچىقىرىش قىلغىلى بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ ئالماشتۇرۇلغان بېسىم ئۆزگىرىشىنى ئېلىپ مۇنداق ئىرادىگە كەلدى: چوقۇم بىر خىل يېڭى بېسىم ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىمەن، بۇنداق بولغاندا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزى ئالماشتۇرالايدۇ ھەم ئاز ۋاقىت كېتىدۇ.

ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش، قايتا ـ قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق، چېن چىلياڭ يېڭى تىپتىكى چىرماش يىلتىزسىمان قۇتىنىڭ بېسىم ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. نەق مەيداندا 15 قۇدۇقنى بۇرغىلاپ سىناق قىلىش ئارقىلىق، ئالماشتۇرۇش ۋاقتى ئىلگىرىكى 45 مىنۇتتىن ئون مىنۇتقا قىسقاردى، بەن ـ گۇرۇپپىدىكى خادىملار ئۆزلىرى ئالماشتۇرسا بولىدىغان، كەسپىي مەشغۇلات ئەترىتىنى تەكلىپ قىلماسلىقمۇ بولىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل يېڭى تىپتىكى بېسىم ئۆزگىرىشىنى پىششىقلاش خىراجىتى يۇقىرى ئەمەس بولۇپ، تەننەرخى تۆۋەن، مەشغۇلات قىلىش ئاسان، ئۈنۈمى ياخشى بولۇش ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

### كۆپ تۈرلۈك كەشپىيات ئارقىلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش

كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىشتا، چېن چىلياڭ ھەمىشە قانداق قىلغاندا «ئاز پۇل خەجلەپ، كۆپ نېفىت ئېلىپ»، نېفىتلىكنىڭ نەق مەيدان ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرۇش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىناتتى.

خىزمەت جەريانىدا، چېن چىلياڭ قۇدۇق مەيدانىدىكى كاچالكىلارنىڭ كەينىدىكى ئېغىرلىقنى تەڭشەش بۆلىكىنى ئورناتقاندا ئارىلىقىنىڭ زىيادە چوڭ بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى، ئېغىرلىقنى تەڭشەش بۆلىكىنىڭ كاچالكا ھەرىكەتلىنىپ يۇقىرى ـ تۆۋەن توختاش نۇقتىسىغا كەلگەندە ئۈيان ـ بۇيان تەۋرىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، نېفىت تارتىش ئۈسكۈنىسىنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئېغىرلىقنى تەڭشەش بۆلىكىنى قىسىش ئۈسكۈنىسىنى كەشىپ قىلىپ، بۇ مەسىلىنى ناھايىتى ياخشى ھەل قىلدى. مەلۇم قۇدۇق رايونىدا نېفىت قويۇق، موم تەركىبى يۇقىرى، تۇرۇبا لىنىيەسى ئۇزۇن بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەردىن، نېفىت يىغىش تۇرۇبا لىنىيەسىنىڭ ئىچكى قايتما بېسىمى بىرقەدەر يۇقىرى بولۇش مەسىلىسىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا قارىتا، ئۇ دورا قوشۇش پومپىسىنىڭ زاپچاسلىرىنى ياخشىلاپ، دورا قوشۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، نېفىت يىغىش تۇرۇبا لىنىيەسىنىڭ قايتما بېسىمىنى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلەتتى، شۇ يىلى ئىككى ئۆلچەش پونكىتىدىكى دورا قوشۇش پومپىسىنىڭ زاپچاسلىرىنى ئۆزگەرتىپ، 843 مىڭ 200 يۈەن ئۈنۈم ياراتتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چېن چىلياڭ نېفىت ئېلىش بىرىنچى سەپتە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ يېڭىلىق ياراتتى، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دۆلەتنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېڭى تىپتىكى پاتېنت نەتىجىسىدىن 20 نەچچە تۈرگە ئېرىشتى، ئالتە تۈر نەق مەيداندا كېڭەيتىپ قوللىنىلدى، شەخسىي كەشپىيات يېڭىلىق يارىتىش تېخنىكىسى بويىچە ئىككى تۈرگە ئىگە بولدى، يېڭىلىق يارىتىش تېخنىكىسى بويىچە ئون تۈرگە قاتناشتى، پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆپ قېتىم شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى بويىچە ئالاھىدە مۇكاپاتقا، 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بۇ كەشپىيات نەتىجىلىرى نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدانىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپلا قالماي، ھەر يىلى يەنە كارخانىغا مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل تېجەپ بەردى.

### پىششىقەدەملەر ياشلارنى يېتەكلەپ، ھۈنەر ئۆگىتىش

«بىر ئادەمنىڭ ماھارىتى ھەرقانچە يۇقىرى بولسىمۇ، كۈچى چەكلىك بولىدۇ. ياشلاردا ‹ھۈنەرۋەن روھى›نى يېتىلدۈرۈش ئوخشاشلا مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم» دېدى چېن چىلياڭ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان يەكۈنلەپ چىققان قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ، بەن ـ گۇرۇپپىدىكى خىزمەتداشلىرىنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى.

2012 ـ يىلى، چېن چىلياڭ نېفىت ئېلىش 2 ـ زاۋۇتى ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ باش يېتەكچىسى سۈپىتىدە كوماندىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك كەسپىي ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئۇ يېتىشتۈرگەن ياش خىزمەتچى ئىبرەمەك قۇدابېرك مۇسابىقىدە ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى.

2017 ـ يىلى، چېن چىلياڭ شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ۋەكىللەر كوماندىسىنىڭ باش يېتەكچىسى سۈپىتىدە سەككىز خىزمەتچىنى باشلاپ جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتىنىڭ ماھارەت مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. ئۇنىڭ يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇشى بىلەن ماھىرلار كۈنبويى جاپالىق مەشىق قىلىپ، مۇسابىقىدە قالتىس رول جارى قىلدۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى ئۈچۈن ئالتۇن مېدالنى قولغا كەلتۈردى، بۇ شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتى مۇسابىقىگە قاتنىشىپ كەلگەن 20 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن تۇنجى ئالتۇن مېدال. چېن چىلياڭ ۋەكىللىكىدىكى يېتەكچىلەر كوللېكتىپىمۇ «ئالتۇن مېداللىق يېتەكچىلەر كوللېكتىپى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

2019 ـ يىلى، جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مىنىستىرلىقى بىلەن بىرلىشىپ ئۆتكۈزگەن «ماھارەت جۇڭگو سەپىرى 2019 — جۇڭگو نېفىتكە كىرىش» ھەم جۇڭگو نېفىت گۇرۇھى شىركىتى ماھارەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش ـ ئېچىش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش يىلى يۈرۈشلۈك پائالىيىتىدە، چېن چىلياڭ شىنجاڭ نېفىتلىك شۆبە شىركىتىگە ۋاكالىتەن بىرىنچى سەپتىكى تېخنىكىلىق قىيىن مەسىلىلەر بويىچە بىرلىشىپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى ئارقىلىق چېن چىلياڭ ناھايىتى كۆپ ھاسىلاتقا ئېرىشتى، ئۇ مۇنداق دېدى: ماھارەت تىپىدىكى «يەرلىك مۇتەخەسسىس» بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ھۈنەرگە ۋارىسلىق قىلغاندىلا، ئاندىن كارخانىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى كۈچ قوشالايمەن.

«قايسى كەسىپ بىلەن شۇغۇللانسا شۇ كەسىپنى سۆيۈش، قايسى كەسىپنى تەتقىق قىلسا شۇ كەسىپكە مەخسۇس بېرىلىش، ئاددىيەك كۆرۈنىدىغان خىزمەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش، بۇ، يېڭى دەۋردىكى ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك روھ» دېدى چېن چىلياڭ.

# ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جەمئىيەت مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كۆلىمىنىڭ ساقلانما مىقدارى 3 تىرىليون 400 مىليارد يۈەندىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قاپلىغان رايونلار قۇمۇل شەھىرى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراماي شەھىرىدىن ئىبارەت ئۈچ سىناق رايوندىن 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرگە كېڭەيدى.

چېگرا ھالقىغان خەلق پۇلى سودىسىدا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، چېگرا سىرتىغا قەرز بېرىش، بىۋاسىتە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق كەسىپلەر قانات يايدۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ سودا سېلىنمىسىنى راسچوت قىلىشقا قولايلىق يارىتىلىپ، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى مۇھىتى ياخشىلاندى. پۇقراۋى ھەم ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ نەق پۇل راسچوتى قېلىپلاشتۇرۇلدى ۋە ئۇنىڭغا قولايلىق يارىتىلدى. يولغا قويۇش پىكرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، چەت ئەل نەق پۇلنىڭ چېگرادىن كىرىشنى ئېلېكترونلاشتۇرۇش سانلىق مەلۇمات ئۇچۇرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە تالونلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىكى تېخىمۇ قولاي ئەندىزە ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، پۇقراۋى ھەم ئوتتۇرا، كىچىك ئېكسپورت كارخانىلىرىغا يۇقىرى ئۈنۈمدە مۇلازىمەت قىلىندى.

چەتكە چىقىشلىق ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ياخشىلاندى. 2015 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، ئەمەلىي پايدىلىنىلغان چەت ئەل سودىگەرلىرى بىۋاسىتە سالغان مەبلەغ جەمئىي 840 مىليون دوللار، چەت ئەلگە سېلىنغان مەبلەغ 1 مىليارد 812 مىليون دوللار بولدى، شىنجاڭنىڭ چېگرا سىرتىدا قەرز تارتىش كەسپى بولماسلىق ئەھۋالى بۇزۇپ تاشلاندى.

# قاراقاش ناھىيەسىدىكى بىر كەنتتە 95 ئايال شوپۇرلۇق ئىمتىھانى بەردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ يىللاردا، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەدرىجىي يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش كەچۈرۈش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلاندى. «ئىلگىرى ئاياللار قازان بېشىنى چۆرگىلەپ يۈرەتتى، سىرتقا چىقىپ ئىشلىيەلمەيتتى.» نەزەر دائىرىسى ئېچىلغان مۇنەۋۋەر بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېدى: «2017 ـ يىلى مەن پۈتۈن كەنتتىكى ئاياللار ئىچىدە بىرىنچى بولۇپ شوپۇرلۇق ئىمتىھانىدىن ئۆتتۈم، بۇنىڭدىن قانچىلىك پەخىرلەنگىنىمنى دېمەيلا قوياي».

«ئۇ چاغدا ئاپتوموبىل ھەيدەلەيدىغان ئاياللار بەك ئاز ئىدى، يۈك ئاپتوموبىلى ھەيدەشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى، نۇرغۇن ئەرلەر مېنى قالتىس دەپ ماختىدى.» مۇنەۋۋەر مۇنداق دېدى: «ئائىلىمىز تونۇر سودىسى قىلىدۇ، ھازىر ھەر كۈنى نۇرغۇن جايغا مال يەتكۈزىمىز، ئەگەر ئاپتوموبىل بولمىسا يىراق جايدىكى كەسپلەرنىمۇ قىلغىلى بولمايتتى».

كەنت ئاھالىسى بۇزەينەپ ھېسامدىنمۇ ناھايىتى تېزلا شوپۇرلۇق ئىمتىھانى بەردى، «ھەيدەش كىنىشكىسىنى ئالغاندىن كېيىن تاماق توشۇش ئاپتوموبىلى ھەيدىدىم، يەنە ئۇششاق يېمەكلىكلەر دۇكىنى ئاچتىم، ھازىر ئىككى جايدا ئادەم تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىۋاتىمەن. كېلەر يىلى مەن ئېلېكترونلۇق سودا قىلغاچ، ناھىيە بازىرىغا بېرىپ تاكسى ھەيدەيمەن.» بۇزەينەپ ئۈچىسىغا ئوتقاشتەك پىلاش، پۇتىغا ئېگىز قونجلىق ئۆتۈك كىيىپ ئىنتايىن مودا بولۇپ كەتكەنىدى، گەپ ئارىلىقىدا، ئۇنىڭ يان تېلېفونىدىن ۋېيشىندا پۇل تاپشۇرۇۋالغانلىق ئەسكەرتمە ئاۋازى توختىماي ئاڭلىنىپ تۇردى.

بۇ يىل 3 ـ ئايدا كەنتتىكى بىر ھەمكارلىق كوپېراتىپىدا كاسسىر بولۇپ ئىشلەۋاتقان قەلبىنۇر ئەلىمۇ ھەيدەش كىنىشكىسى ئالدى. ئۇنىڭ ئاق رەڭلىك پىكاپىغا گىرىم سومكىسى قويۇلغان بولۇپ، قاش قەلىمى، كوۋخۇڭ، يۈز مېيى قاتارلىق گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق ئىدى. «ھازىر ئاياللارنىڭ شوپۇرلۇق ئىمتىھانى بېرىشى ناھايىتى نورمال ئىش. مۇنەۋۋەر ئۆزى بىلەن بىللە شوپۇرلۇق ئىمتىھانى بەرگەنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئەرلەر ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى، ئەمما ماڭا كەلگەندە، بىر گۇرۇپپىدىكى 15 ئۆگەنگۈچىنىڭ ھەممىسى ئايال» دېدى قەلبىنۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

2016 ـ يىلى توغرا يار كەنتىدىكى ئايال ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى ئاران 20% ئىدى، بۇ يىل ئىشقا ئورۇنلىشىش نىسبىتى 95%كە يەتتى. بۇ يىل 8 ـ ئايدا، نامرات نوپۇس ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 49%نى ئىگىلەيدىغان بۇ كەنت نامرات كەنتلەر قاتارىدىن چېكىنىپ چىقتى.

«ئاياللار ئۆيدىن چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك تىكلىدى، بۇ كەنتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىدىكى مۇھىم ئامىل.» ئوبۇل ھاياجانلانغان ھالدا: «ئاياللار يېرىم دۇنيا ئەمەسمۇ!» دېدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىرىك پىلان «تەكلىپ»دە مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى: يېڭىچە ئۇل ئەسلىھەلەرنى سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، 5 ـ ئەۋلاد كۆچمە خەۋەرلىشىش، سانائەت ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات مەركىزى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى تېزلىتىش كېرەك. بۇ، شىركەت ۋە ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىنى روھلاندۇرىدىغان خەۋەر. كەلگۈسى بەش يىلدا، مېنىڭ نىشانىم پەن تەتقىقات تۈرلىرىنى باشقۇرۇشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تىرىشىپ شىركەتنىڭ غوللۇق خادىملىرىدىن بولۇش؛ شىركەتنىڭ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، شىركەتنىڭ 143 تۈرلۈك كەشپىيات پاتېنتى، ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان يېڭى تىپتىكى پاتېنت قاتارلىقلارنىڭ بازارلىشىشىنى تېزرەك ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچەپ ئىلگىرى سۈرۈپ، شىركەتنىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش.

(پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ يۈ رەتلىگەن)

# ئاپتونوم رايونىمىز ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق پاختا يىغىش ـ تاياللاش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنا بازارغا سېلىندى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئېغىر سانائىتى شىنجاڭ چەكلىك شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى سۈڭ لىشىن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇ پاختا يىغىش ـ تاياللاش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنىنى شىركىتىمىز ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقارغان، ئەقلىي ئىقتىدارلىق تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش سىستېمىسى سەپلەنگەن، پاختا يىغىش، پاختا توپلاش، تاياللاش، چىقىرىش ۋە خالتىنى تاشلاش ھەرىكىتى كۆرۈنمە ھالەتتە ھەرىكەتچان كۆرسىتىلىدۇ، يان تېلېفوندىن پايدىلىنىپ ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئۈسكۈنىلەرنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى، مەشغۇلات ئورنى قاتارلىق ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى تەكشۈرگىلى بولىدۇ، ماشىنا ئىگىسى ئۈسكۈنىلەرنى ھەر ۋاقىت كونترول قىلالايدۇ.

«گەرچە شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى دۆلەت ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردىكى سەۋىيەدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، نۆۋەتتە تېزىمغا ئېلىنغان پاختا يىغىش ـ تاياللاش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەلنىڭ سۈپەتلىك ماركىسى.» لىيۇ چاۋيۇ مۇنداق بىلدۈردى: «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كارخانىلار ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ياسىغان بۇ پاختا يىغىش ـ تاياللاش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن ماشىنىدا تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىنىپ، بازار مەھسۇلاتلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى بېيىتىلدى».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)